# شىنجاڭ تەشۋىقاتى

# 新疆宣传

1

1990

1990 - يىللىق

1 - سان

(ئومۇمىي 22 - سان)

ئايلىق ژۇرنال

شىنجاڭ تەشۋىقاتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

# بۇ ساندا

* * مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن * *

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە دائىر بايانلىرى... (1)

* * ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن * *

يولداش جانابىل تەشۋىقات، ئىدىيىۋى سەپتىكى تارماقلاردىن 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى..................... (10)

* * * پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش * * *

تۇرپان شەھەرلىك ئۈزۈمچىلىك يېزىسى پارتكومى يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى ............ (31)

* * * نەزەرىيە ئەھۋالى * * *

كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەستايىدىل تەييارلىق
قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى كادىرلارنىڭ پەلسەپە
ئۆگىنىشىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى .......... (39)

5 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى،
* * جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت بايرىمىدا * *
قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىش

خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەملىكىتىمىزگە
قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى يولغا قويۇشقا
ئۇرۇنۇشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك......... (47)
ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىق مەسىلە
سىنى ھەل قىلىشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك
تەدبىرلەر........................................ (52)
پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي
شەپ، قارغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى
تۈگىتىش كېرەك .............................. (57)

* * * بىلىۋېلىڭ * * *

«سېرىق» بىلەن «سېرىق ئەمەس»نى قانداق پەرقـ
لەندۈرۈش كېرەك.............................. (62)

مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىن

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە دائىر بايانلىرى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كۈچلۈك ئىجادىيلىققا ۋە يېتەكچىلىككە ئىگە بىر قاتار ئىلمىي، نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بولۇپ، ئۇ يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولۇپ قالدى.

سوتسىيالىزم قۇرۇش، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش نىشانى ۋە يۈكسەك غايىسى. لېكىن، جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى زادى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىدە، ئىلگىرى بىزنىڭ تونۇشىمىز دېگەندەك ئېنىق ئەمەس، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ پىششىق يېتىلمىگەن دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا بىر مۇنچە ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتتۇق، بەزى سەۋەنلىكلەرنىمۇ ئۆتكۈزدۇق. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك

مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا، ماركسىزملىق نەزەرىيەۋى ئىرادە ۋە ئىزدىنىش روھى ئارقىلىق، جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇشتا چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ مۇھىم تارىخىي مەسىلىنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويدى. 1979 - يىل 3 - ئايدا، ئۇ نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا: «ئىلگىرى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بارغاندا، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ھالدا يولداش ماۋزېدۇڭ باشلىغان يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى قورشاش يولىدا ماڭغانىدۇق. ھازىر قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندىمۇ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتتى. 1982 - يىلى، پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش — ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز ئەنە شۇ.» شۇنىڭدىن كېيىن، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، ئۇ بۇ تارىخىي تېمىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تولۇق بايان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى شەكىللەندى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھازىرقى

زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمدا يىلتىز تارتتى، ئۇ ئىنتايىن مول مەنىگە ئىگە، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئاساسىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

— ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن-بىر ئۆلچىمى قىلىش — پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭمۇ پەلسەپىۋى ئاساسى. مالىمانچىلىقنى تۈزەش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ توغرا ئىدىيىۋى لۇشيەن تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى، ئۇ: «ئىدىيىۋى لۇشيەن كىچىك مەسىلە ئەمەس، بۇ سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەشنىڭ ئاساسى» دەپ قارىدى. ئەگەر ئىدىيىۋى لۇشيەن مەسىلىسى ھەل قىلىنمىسا، ئىدىيىدە ئازاد بولماي، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلمىسە، توغرا سىياسىي لۇشيەننى تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن بولمايدۇ، تۈزۈپ چىققان ھالەتتىمۇ ئىزچىللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. دەل مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز توغرا بولغان، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسىي لۇشيەن، تەشكىلىي لۇشيەن ۋە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىپ چىقىشقا باشلىدى.

— سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىدا ئاساسەن، ئۆز يولىدا مېڭىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋ-

پىلىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز سوت-
سىيالىستىك چوڭ دۆلەت، نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى
ئاز، ئاساسى ئاجىز، پەن - تېخنىكىسى بىر قەدەر قالاق،
بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا، جۇڭگو-
نىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، ئوبيېكتىپ
قانۇنىيەت بويىچە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان لۇ-
شيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشىمىز؛
ئۆز يولىمىزدا مېڭىشىمىز كېرەك، ھەرگىز باشقا دۆلەت-
لەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىرىنى
ئۆز پېتى كۆچۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ، مۇنداق قىلغانلار ئە-
زەلدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. بۇ، جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى ھەم تۈپ تەلىپى.
— سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كۈچ-
نى مەركەزلەشتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشتىن ئىبارەت. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى
تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نەزەرىيىۋى ئاساس. «تۆت كىش-
لىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ
شياۋپىڭ ئىنتايىن زور زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ، مار-
كسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەققىدىكى ئاساسىي
قاراشلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ: «مار-
كسىزم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەڭ
ئەھمىيەت بېرىدۇ» دەپ قارىدى ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ
تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش ئىكەنلىكىنى، نامراتلىقنىڭ سوتسىيالىزم ئەمەس ئى-
كەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بىزدىن پۈتۈن

زېھنىمىزنى يىغىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ: «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىش، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ ئىشنى چوقۇم قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇش كېرەك، بىر كۈنمۇ دەخلى قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.

— سوتسىيالىستىك ئىگىلىك — پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق، نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىك، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا ۋە ئورتاق بېيىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قاتارلىقلارنى تەكىتلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئالامىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر.

— تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش. بۇ — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تۆت ئاساسىي

پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىدىكى سىياسىي ئاساس، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. بىز جۇڭگودا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چوقۇم چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن بولسا، بايرىقىمىز روشەن ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇ: «بۇ كۈرەش تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈلىشى، مۇشۇ ئەسىردىلا ئېلىپ بېرىپ قالماي، كېيىنكى ئەسىردىمۇ داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەك» دەپ قارىدى. ئون يىلدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم قۇرۇشىمىز ئۈچۈن توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

— جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قوشقان يېڭى تۆھپىسى، بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىزدىكى باش فاڭجېنىمىز ۋە باش سىياسىتىمىز. ئون يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ۋە مۇھىملىقىنى قايتا -

تەكىتلىدى ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مەسىلىسىگە قارىتا مۇپەسسەل بايانلارنى، نۇرغۇنلىغان چوڭقۇر قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جۇڭگونىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىدى. ئەگەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويمىساق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ.

— سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىقنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكى ۋە تۈپ نىشانى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە بۇ توغرىلىق نۇرغۇنلىغان چوڭقۇر بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ نىشانى يۈكسەك دېموكراتىيىگە، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت؛ دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزممۇ بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق — سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە كاپالىتى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلىنسا، مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك

دېموكراتىيىگە زىيان يېتىدۇ؛ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بولمىسا «زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، ياخشى بېيىغىلىمۇ بولمايدۇ.» سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇشتا، ئەڭ ئاساسلىقى كەڭ خەلقنى كوممۇنىزملىق غايىگە، ئەخلاققا، مەدەنىيەتكە ئىگە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش كېرەك.

— «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ روشەن بەلگىسى، شۇنداقلا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدىيىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، 1984 - يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرىنى، يەنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى سوتسىيالىزم دەپ بەلگىلەپ، بەزى ئالاھىدە رايونلاردا كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى: بىز قۇرىدىغان سوتسىيالىزم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم، بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتىلغان، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» دېگەن شۇ. بۇ بىر يېڭى شەيئى، ئۇنى چەت ئەللەر ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنغان، بۇ

جوڭگوچە دەپ ئاتىلىدۇ.

جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن باي، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن سىرت، ئۇ يەنە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش توغرىسىدىكى، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ هازىرقى دۇنيادىكى ئاساسىي مەسىلە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى مىزان قىلىپ دۇنيادا سىياسىي، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار كۆز قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئون يىللىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن ھەمدە يۈز مىليونلىغان خەلق تەرىپىدىن تونۇلغان ۋە قوبۇل قىلىنغان ئىلمىي نەزەرىيىدۇر. دەل پارتىيە 13 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنى ئاخباراتىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئۇ «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ، جوڭگو خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى.» هازىر يولداش دېڭ شىياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئارمىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىنىپ چىقتى، لېكىن ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يەنىلا بىزنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغ تۇغدۇر، بىز چوقۇم بۇ نەزەرىيىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

## يولداش جانابىل تەشۋىقات، ئىدىيىۋى سەپتىكى ھەر قايسى تارماقلاردىن 5 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زىچ چۆرىدەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، تەشۋىقات، ئىدىيىۋى سەپتىكى ھەرقايسى تارماقلاردىن 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش» تىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ئىجرا قىلىش يۇكسەكلىكىدىن تونۇشنى، تارماق قارىشى ۋە تارمەھكىمىچىلىك قارىشىنى تۈگىتىپ، ئومۇمىيلىق قارىشىنى تىكلىشى ھەمدە ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىيىتىگە قاراپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، مۇشۇ مەركەز

ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ، تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئوتتۇشلۇق ئىلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇدا، مۇقىم، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەقىقىي تۆردە بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئارقىدىن، يولداش جانابىل ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى قانداق قىلىپ ياخشى تەشكىللەش، تەشۋىقات، نەزەرىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە قاتارلىق تارماقلار قانداق قىلىپ تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قاراشلىرىنى ۋە پىكىرلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

1. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، ئالدى بىلەن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى رەھبىرىي كادىرلار ۋە باشقا كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى ھەقىقىي يوسۇندا ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئىلگىرى قوللانغان باشقارما، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى بىر، ئىككى ھەپتە خىزمەتتىن ئايرىپ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولغان، مۇندىن كېيىن بۇ ئۇسۇلنى داۋاملىق قوللىنىشقا بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى رەھبىرىي كادىرلارنى قىسقا مۇددەت تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنى 5 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە پىلانلىق ھالدا مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەشكىللىشى كېرەك. قىس-

قسى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز جايى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىلمۇ خىل شەكىل-لەرنى قوللىنىپ، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش-نى ياخشى تەشكىللىشى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بې-رىشى كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

جايلار 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى تەشكىللەشنى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، يولداش دېڭ شىياۋ-پىڭنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق مۇھىم سۆزىنى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇنا-سىۋىتى بىلەن قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، پۈتكۈل ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش-قا ئەھمىيەت بېرىشى، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۆ-ۋەتتە تۇتۇشقا تېگىشلىك تۆت چوڭ ئىشنى ئەمەلىيلەش-تۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوت-تۇرىغا قويغان ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈ-رۈش، ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، تولۇق غەيرەتكە كېلىشنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە تونۇشنى بىرلىككە كەل-تۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش كېرەك.

بىرىنچى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ئىقتى-سادىي نۇقتىدىنلا سۆزلەشكە بولمايدۇ، نۆۋەتتە ئىقتىسا-

دىي مۇھىتنى تۈزەپ، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاپ،
ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملى-
قىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى خەلقئارادىكى ۋە دۆلىتىمىز ئى-
چىدىكى سىنىپىي كۆرەش يۈكسەكلىكىدىن، سوتسىيالىس-
تىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۈك-
سەكلىكىدىن چوڭقۇر تونۇش كېرەك. خەلقئارادىن قارىغان-
دا، غەربتىكى بۇرژۇئا دۆلەتلەر پولشا، ۋېنگىرىيە قاتار-
لىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا كۈچە-
نىڭ بارىچە ئارىلىشىپ، پولشا، ۋېنگىرىيەلەردىكى ھازىر-
قى ئۆزگىرىشتىن ئەجەب ئوبدان بولدى دەپ خۇشال بو-
لۇپ، پولشا، ۋېنگىرىيە قاتارلىق ئىككى سوتسىيالىستىك
دۆلەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە راۋاجلاندۇرۇشنى
تېزلىتىپ، بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزم سىستېمىسىنى تەۋرەن-
دۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. سىياسىي جە-
ھەتتىن قارىغاندا، غەرب بۇرژۇئازىيىسى بىلەن بىزنىڭ
ئوتتۇرىمىزدا دەل «ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇش» ئېلىپ
بېرىلىۋاتىدۇ، غەرب بۇرژۇئازىيىسى قورال كۈچى ئار-
قىلىق بويسۇندۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تۈرلۈك
شەكىللەر ئارقىلىق بىزگە سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت
جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشكە ئۆتۈپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش
ئارقىلىق سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولىدى. بۇ
يىل 6 - ئايدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە مالىمانچىلىق توسىلىپ،
ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تىنجىتىلىپ، سىياسىي
ۋەزىيەت قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مۇقىملاشتۇرۇلدى. دۆلى-
تىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتى
يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، بۇ رېئاللىق

ئالدىدا، غەرب بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەر سىياسىي سۈيىقەستىنىڭ بەربات بولغانلىقىغا تەن بەرمەي، بىزنى ئىقتىسادىي جەھەتتە جازالاشنى يولغا قويدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىنى بۇرمىلىدى، مۇبالىغىلەشتۈردى، بىزنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ئىشىمىزنى ئىسلاھات ئېلىپ بارمايدىغان، ئىشىكنى ئېچىۋەتمەيدىغان بولدى، يىغىشتۇرىدىغان، كونا يولغا قايتىدىغان بولدى، دەپ قەستەن بۇرمىلىدى. يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى جۇڭگونى جازالاش ئۈچۈن ئاتالمىش ھوقۇق بېرىش قانۇنىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ماقۇللىدى، ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش خورىكى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بىز بۇ خىل خەلقئارالىق جەڭگە تولۇق تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، ھەر قانداق غەرب دۆلىتىنىڭ بېسىمىغا ۋە جازالىشىغا تىز پۈكمەسلىكىمىز كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمغا، ماركسىزمغا قارشى پىكىر ئېقىمىنى ۋە غەربنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ ئېچىپ تاشلىشىمىز ۋە تەنقىد قىلىشىمىز، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاقىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىنتايىن مۇھىم. سوتسىيالى-

تىنىڭ ئىقتىساد يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، سوتسىيالىزم مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئاخىرقى ھېسابتا كاپىتالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىش - ئىشلەنمەسلىكى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ «كىمنى كىم يېڭىش» كە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

ئىككىنچى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ماركسىزملىق، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق قاراش، ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەھلىل قىلىش، ئېنىق تونۇش كېرەك. بۇ، نۆۋەتتىكى جىددىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئاستىدا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ توغرىلىقى، ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، شۇنداقلا توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشىمىزنىڭ ئاساسى، 5 - ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» دا نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، ھەم نەتىجىلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ھەم قىيىنچىلىق ئەينەن مۆلچەرلەندى، چوڭقۇر قاتلامدىكى سەۋەبلەر كۆرسىتىپ بېرىلدى، يەنە پايدىلىق شارائىتلارمۇ تەھلىل قىلىندى، بۇ «قارار» نىڭ ئۆزىگە دىئالېكتىكا سىڭدۈرۈلگەن. بىز 5 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگەنگەندە، ئومۇمىي يىغىننىڭ «قارار» نى ئىزچىللاشتۇرغان چېغىمىزدا، مۇھىمى مەركىزىي كومى-

تېتنىڭ «قارار» ىدىكى مەسىلىلەرگە دىئالېكتىك ھالدا قاراشتەك ئۇسۇل ۋە كۆز قاراشنى ئىگىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، نەتىجىلەر ۋە پايدىلىق شارائىتلار-نى كۆرەمەي، قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ، بوشىشىپ كېتىدىغان، ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىغان بىر تەرەپلىمىلىك قاراش-تىن ساقلىنالايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىيىنچىلىقلار ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەي، قارىغۇلارچە خۇشال بولۇپ كېتىدىغان، بىپەرۋالىق قىلىدىغان بىر تەرەپ-لىمىلىك قاراشتىن ساقلىنالايمىز، تىرىشىپ ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ تونۇشىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇ-رۇپ، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش ئاساسىدا ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىپ، غەيرىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، جاسارەت بىلەن تى-رىشىپ خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيمىز.

ئۈچىنچى، خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا، مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى مۇس-تەھكەم تىكلەش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ مۇقىم بولۇشى سى-ياسىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسى. ئىقتىساد مۇقىم بولمايدى-كەن، سىياسىمۇ مۇقىم بولالمايدۇ، جەمئىيەتمۇ تىنچلىنال-مايدۇ، تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئىگىلى-كىنى ئۇدا، مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، تېز يۇ-كسىلىش-تېز چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۇزاققىچە چىڭ تۇ-رۇشىمىز زۆرۈر بولغان توپ فاكتېن، ئىقتىسادىي خىزمە-تىمىزنىڭ ياخشى-يامان ئىشلەنگەنلىكى ۋە ئىسلاھات نەتىجىسىنىڭ چوڭ-كىچىك بولغانلىقىنى ئۆلچەشتىكى بىر ئاساسىي ئۆلچەم، شۇنداقلا، سىياسىي ۋەزىيىتىمىزنىڭ مۇقىم بولۇشى، جەمئىيىتىمىزنىڭ تىنچ بولۇشىنىڭ ئاسا-

سى. 5 - ئومۇمىي يىغىن تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلا-
ھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېننى داۋاملىق ئىزچىلاش-
تىن قەتئىي ئىجرا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىكى
توپ مەقسەت: نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى يېڭىپ،
خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا، مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلىنىش
ئىزىغا سېلىشتىن ئىبارەت، بىز 5 - ئومۇمىي يىغىننىڭ
روھىنى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرغىنىمىزدا خەلق ئىگىلىكىنى
ئۇدا، مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى
ئىدىيىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئاڭلىق ھالدا ئوبيېكتىپ
ئىقتىسادىي قانۇنىيەتبويىچە ئىش قىلىشىمىز، مەملىكەتنىڭ،
ئاپتونوم رايوننىڭ ئەھۋالىدىن چەتنەيدىغان، ئالدىراق-
سانلىق قىلىدىغان خاھىشلارنىڭ قايتا سادىر بولۇشىغا
دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك.
بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتە، مۇھىمى، تۈزەش،
ياخشىلاش بىلەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇناس-
ۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.
شۇنى كۆرۈش كېرەككى، تۈزەش، ياخشىلاش ئىسلاھاتنى
ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر، ساغلام ئې-
لىپ بېرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىت ۋە ئوب-
دان مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ، نۆۋەتتە تۈزەش، ياخشىلاش-
نىڭ ئۆزىمۇ ئىسلاھاتنىڭ ماسلىشىشىغا موھتاج،
ئىسلاھاتمۇ تۈزەش، ياخشىلاشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ
بېرىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تۈزەش،
ياخشىلاش بىلەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى بىر - بى-
رىدىن ئايرىۋېتىدىغان، ھەتتا بىر - بىرىگە قارىمۇ قار-
شى قىلىپ قويىدىغان قاراشلار ۋە ئۇسۇللار خاتا ۋە

زىيانلىق. بىز تۈزەش، ياخشىلاش ئارقىلىق، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، مۇقىم ۋە ماس ھالدا ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

2. تەشۋىقات - ئىدىيىۋى سەپتىكى ھەقايىسى تارماقلار خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا، مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تۈپ فاڭجېنى بويىچە، خىزمەتلەرنى پائال تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

تەشۋىقات تارماقلىرى نۆۋەتتە، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاممىنى تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ تۈزەش ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىگە پائال ئاتلاندۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن مۇشكۇل ۋە ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماقتا ۋە مۇھىم رول ئوينىماقتا. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى مالىمانچىلىقنى توسۇش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان سىياسىي ۋەزىيەت تەربىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەربىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك. ئاممىغا ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ۋە تۈزەش، ياخشىلاش

فائجىنىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە مۇقىملىقنى كۆزدە تۇ-
تۇشى، غەيرەتنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشى
لازىم. ئاممىغا ياردەم بېرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ بەزى
گەۋدىلىك تونۇش مەسىلىلىرى ۋە يېتەكچى ئىدىيە مەسى-
لىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشى لازىم. بىرىنچىدىن، نۆۋەتتى-
كى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى دىئالېكتىك، ئوبيېكتىپ ھالدا
ئېنىق تونۇپ، ئاساسىي ئېقىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، نە-
تىجىلەرنى يېتەرلىك سۆزلەش، قىيىنچىلىقلارنى ۋە مەسى-
لىلەرنى تەلتۆكۈس سۆزلەش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئىقتى-
سادىي مۇقىملىق بىلەن سىياسىي مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى-
نى ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، تۈزەش،
ياخشىلاش بىلەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى ئېنىق سۆزلەش لازىم؛ تۆتىنچىدىن، قىسمەنلىك
بىلەن ئومۇملۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق سۆزلەش، ئومۇم-
لۇق قارىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، قىسمەنلىك
بىلەن پۈتۈنلۈك، كارخانا بىلەن دۆلەت، يەرلىك بىلەن
مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىش
لازىم؛ بەشىنچىدىن، قىسقارتىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ
يېزا ئىگىلىك، ئېنېرگىيە، قاتناش - ترانسپورت، خام
ئەشيا، ماتېرىيال سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن پىش-
شىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىش-
لەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق سۆز-
لەش لازىم. قىسقىسى، تەشۋىقات، جامائەت پىكرى تارماقلىرى
نۆۋەتتە چوقۇم روھىنى ئۇرغۇتۇش، جاسارىتىنى ئاشۇرۇش،
ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ ئاساسىي
نۇقتىسى قىلىپ، جامائەت پىكرى ۋە تەشۋىقاتنىڭ ئەتراپ-

لىقلىقى، ئىزچىللىقلىقىغا دىققەت قىلىشى، تەشۋىقات جەھەتـ
تىكى بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىش ۋە بىر دەمـ
لىك شامال چىقىرىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى لازىم. تەشۋىـ
قات، ئاخبارات تارماقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ماركسىزم تۈپ نەـ
زەرىيىسى توغرىسىدىكى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشى، ئىدىيە،
خىزمەت ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، تەشۋىقات، جاـ
مائەت پىكرى تارماقلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق، توغـ
را جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 -
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەز ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش جەھەتتە، نەزەرىيە تەتقىقاتى تارماقلىرى
ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەم
مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە، پۈتۈن پارتىيە ۋە تەتـ
قىقات تارماقلىرىنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي ۋەزىپىسى ماركـ
سىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە تەتـ
قىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، نەزەرىيە جەھەتتىكى ئېنىزىـتىقـۇ
تۇمانلارنى تۈگىتىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر
ئېقىمى تۈپەيلىدىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدىيىۋى -
نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى يېشىۋېلىشتىن تۈزىتىپ، بۇ ئارقىـ
لىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، تۆت
ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تۈزەش، ياخشىلاش ئىشلىرى، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوبـ
دان جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىش ۋە ئۇنى ئىلمىي
نەزەرىيىۋى ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت. بىـ

رىنچىدىن، نەزەرىيە جەھەتتىكى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن ھەق - ناھەققە قارىتا، بىر تۈركۈم تېمىلارنى بېكىتىپ، سالمىقى بار ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە قارشى تۇرىدىغان، ماركسىزمنى ھاقارەتلەيدىغان تۈرلۈك سەپسەتىلەرنى، مەسىلەن، «ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى نەزەرىيىسى»، «ئىلمىي ئېقىم نەزەرىيىسى» قاتارلىق خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بېرىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئەھۋالىنى ۋە ئاپتونوم رايون ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدىغان سۆز - پىكىرلەرنى، مەسىلەن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان، خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ۋە تەرغىپ قىلىدىغان، كاپىتالىزم تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمى «ئوخشاشلىققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ نەزەرىيىسى» نى تەشۋىق قىلىدىغان تۈرلۈك خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى پىپەن قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، نەزەرىيە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ماركسىزم ئارقىلىق جامائەت پىكرى ئىستىھكامىنى ئىگىلەش كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتىن كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرگە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا جاۋاب بېرىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىق-

ئىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە بولغان تەلتىقاتىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەتتىكى دەللەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

3. شەھەر - يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ ئىجابىي ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە تۈزەش، ياخشىلاش فائىجىنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، مەدەنىيەت سېپىمۇ تۈزەش، ياخشىلاش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئالدى بىلەن ماركسىزم ۋە پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىستېھكامىنى ئىگىلەپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشنىڭ يامرىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان سېرىق مەزمۇنلۇق، شەھۋانىي، فېئوداللىق، ھاماقەتلىك، قالاقلىققا ياتىدىغان ۋە رەزىل بولغان نەرسىلەرنى ئۆزلۈك - كېسىل، پاك - پاكىزە تازىلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنى پاكلاشتۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ مول مەزمۇنغا ئىگە، ساغلام مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ياخشىلاش لازىم.

يەنە بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەتنىڭ تەربىيە رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيىنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈپ، مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت سورۇنلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ ھازىرقى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش لازىم، بولۇپمۇ نۆۋەتتە ئاممىغا تۈزەش، ياخشىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىغا پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش لازىم. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ماددىي بايلىققا ئايلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نامراتلىق ۋە قالاقلىقىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىسى ۋە مۇئەسسەسى قۇرۇلۇشىغا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى ۋە مالىيە كۈچ جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئىستېھكاملىرىنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق ئىگىلەش لازىم.

4. مائارىپ سېپى سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇ-
رۇش يۆنىلىشىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى
داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپ بىلەن ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون-
ىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى
ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش
لازىم. نۆۋەتتە، بىرىنچىدىن، ئالىي مەكتەپلەر سانىنى
كونترول قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە
مەكتەپ باشقۇرۇش قاتلىمىنى تەڭشەپ، كەسىپلەرنىڭ تە-
سىس قىلىنىشىنى تەڭشەپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، ئۆگەنگىنى
ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يې-
تىشتۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى بىر قان-
چە يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى
پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش ۋە ئىشلىتىش
ئەھۋالى جەھەتتە، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتلىمى، قۇرۇلمى-
سى ۋە تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر مۇۋاپىق بولماسلىق
تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىيادە كەسىپلەردە ئوقۇغۇچىلار
ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىش، قىس كەسىپلەردە ئوقۇغۇچىلار
ئېھتىياجنى قاندۇرالماسلىق زىددىيىتى گەۋدىلىك ھالدا
ئەكس ئەتتى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن
ئوقۇغۇچىلار خىزمەت تېپىش تەس بولۇش، ئورۇن تېپىش
تەس بولۇش، ئۇلارنى تەقسىم قىلىش تەس بولۇش مە-
سىلىسى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. بۇ ھال دۆ-
لىتىمىزگە ئىختىساس ئىگىلىرى، مەبلەغ قاتار-
لىق جەھەتلەردىن، بىۋاسىتە ھالدا غايەت زور زىيانلار-
نى كەلتۈرمەكتە، شۇنداقلا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىق-

تىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. مائارىپ، پىلان، ئەمگەك، كادىرلار قاتارلىق تارماقلار بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئەمەلىي ھەم كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بۇنداق ئەھۋالنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى مائارىپ باشقۇرۇش ئۈچۈنلا مائارىپ باشقۇرۇش ۋە سىنىپ كۆچۈرۈشىنىلا كۆزلەپ مائارىپ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، مائارىپنى ئۆز ناھىيىسى ۋە ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مائارىپ باشقۇرۇشقا قاراپ يۈزلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى مائارىپىدا مەۋقەنى ئاساسلىقى شۇ جايدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملار ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە قويۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، جايلاردىكى مائارىپ، يېزا ئىگىلىك، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى قانداق ئۆستۈرۈشنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھازىر بار ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا مەكتەپلىرى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى تۈرلۈك شەكىل ئارقىلىق تەربىيىلەپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەمەلىي تېخنىكىلارنى تەشۋىق قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ

ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش
ۋە تەتبىقلاش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇشى كې-
رەك. تۆتىنچىدىن، ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا مەكتەپلەر
ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەقىقىي تۈردە تەدبىر قوللىنىپ،
ئوقۇغۇچىلارنى مەلۇم مىقداردا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى-
گە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئەمگەكنى قىز-
غىن سۆيىدىغان، جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان ياخشى
خىسلەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەم-
گەك ئىپادىسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى
سىناپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. بە-
شىنچىدىن، شەھەر - يېزىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا مائا-
رىپىنى، بولۇپمۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى
كەسپىي - تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلان-
دۇرۇش كېرەك. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئىگىلىك تەرەق-
قىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، پائال شەرت - شارائىت
يارىتىپ، ناھىيىلەردىكى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن
بىر قىسمىغىچە مەكتەپلەرنى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە
ئۆزگەرتىش كېرەك.

5. پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى
جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈ-
چۈن داۋاملىق خىزمەت قىلىش كېرەك. يېقىنقى بىر قان-
چە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا
كومىتېتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق تارماقلار
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىج-
تىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىج-

تىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىسى جەھەتتە تەكشۈ-
رۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، پەن - تېخنىكا خادىملى-
رىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي جەڭگاھلىرىغا بې-
رىشقا سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكا
خادىملىرىنىڭ يېزىلار، زاۋۇتلارغا بېرىشى ئىختىساس ئى-
گىلىرى ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈش جەھەتتە كۆۋرۈك بولدى
ھەمدە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللاندى،
شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئۇچقۇن پىلانى» نى پۈتۈن كۈچى
بىلەن يولغا قويۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى-
دا ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى قانات ياي-
دۇرۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پۈنىڭ-
دىن كېيىن يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى داۋاملىق قانات ياي-
دۇرۇش بىلەن بىللە، 5 - ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا
قويۇلغان ئىگىلىكنى مۇقىملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى را-
ۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتەك يېتەكچى ئىدىيىگە ئە-
مەل قىلىپ، پەن تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈل-
لەندۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئالاقىدار مۇ-
تەخەسسىس، تېخنىكا خادىملىرىنى يېزىلارغا بېرىپ يېڭى
تېخنىكا، يېڭى سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، كېڭەيتىش،
ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، تۈرلەرنى دە-
لىللەش، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، تېخنىكا
جەھەتتىن ھۆددىگە ئېلىش ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن
شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پەن-
تېخنىكا جەمئىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان «يېزا ئىگىلىكىنى
پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۇرۇش» پىلانىنى يولغا
قويۇش، جۇملىدىن پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا-

كەنتلەردە ئادانلىقنى تۈگىتىش بىلەن ئامراتلىقنى تۈگە-
تىش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن پەن ئومۇمۇشتۇرۇلىدىغان
يېزا - كەنتلەر «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش مۇسابىقە-
سى» پائالىيىتىنى «پەن ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان قىش پەس-
لى» پائالىيىتى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇش — پەن -
تېخنىكىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇ-
رۇش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت،
بۇ پائالىيەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك، ياخشى تەشكىللەشنى
ئۈمىد قىلىمەن.

6. داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش سېپىدىكى كەڭ كا-
دىرلار، تىببىي خادىملار جان - دىل بىلەن خەلق ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىش، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش ئىدىيىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خىزمەت
ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق رايونلىرىغا بېرىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كېسەلنى
داۋالىشى، ئاساسىي قاتلامدىكى تىببىي خادىملارنىڭ سە-
ۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەملىشىپ، جايلار ئۈچۈن «مەڭ-
گۈلۈك» داۋالاش قوشۇنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشى كېرەك.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قى-
لىش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ئاممىغا داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتلىرىنى كەڭ
تۈردە تەشۋىق قىلىپ، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەققىدى-
كى تەشۋىقات بىلەن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەق-
قىدىكى تەشۋىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ
سالامەتلىك ئېڭىنى ۋە بەدەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، «نام-
راتلىقتىن كېسەل بولۇش، كېسەل بولغانسېرى نامراتلى-
شىش» تەك يامان ئايلانما ھالىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىش

كېرەك. تىببىي خادىملار ئالىيجاناب تىببىي ئەخلاق، تىببىي پەزىلەتتى بىلەن، ئوبدان خىزمەت قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى قوللىشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك. پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا تۈزەش، ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نىشانى بېكىتىلدى. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ۋەزىپىلەر مۇشەققەتلىك ھەم ئېغىر، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن پارتىيىدىكى يۇقىرى - تۆۋەننىڭ بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاش ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن مۇھىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىلگىرىكىدەك يىغىن ئېچىش كۆپ بولۇش، سۆز قىلىش كۆپ بولۇش، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈش ئاز بولۇش، مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش، ھەل قىلىش ئاز بولۇش ئەھۋالىنى تۈگىتىپ، دائىم ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى سەممىيلىك بىلەن ئاڭلاپ، بۇختا ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش لازىم.

قىسقىسى، بىز 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەر-

تىپىنى ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق
قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى نەتىجىلىرىنى كۆرۈشىمىز، يەنە
بىر تەرەپتىن ئىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلەردە دۇچ
كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى تولۇق مۆلچەرلىشىمىز لازىم. بىز
ئۆگىنىش ئارقىلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئالاھىدىلىقىمىز-
نى ئاشۇرۇشىمىز، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىشەنچىمىز ۋە
جاسارىتىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. پارتىيىمىز ئۇزاق مۇد-
دەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا، نۇر-
غۇن ئىلغار ئەنئەنە شەكىللەندۈردى ۋە توپلىدى. بىز
كوممۇنىستلار ھېچقاچان قورقماسلىق، باتۇرانە ئالغا
ئىلگىرىلەش روھىغا، ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىش روھىغا،
بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا
ئىگە، كۈچلۈك تەشكىلچانلىق، ئىنتىزامچانلىققا ئىگە، دې-
موكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئاممىۋى يولدا مېڭىشقا
ماھىر. بىز دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ
تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىلگىرى، پارتىيىمىز مۇشۇ ئەنئەنىلەرگە
ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ نۇرغۇن قىيىنچىلىقنى
يېڭىپ، نۇرغۇن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن، مۇندىن كې-
يىن بىز پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ۋە ئۈستۈنلۈ-
كىنى جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، ئوخشاشلا، بىز چو-
قۇم كۆز ئالدىمىزدىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى
غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. بىز پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىقتىسادىي مۇھىتنى
تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ،
شىنجاڭىمىزنى تېخىمۇ ئاۋات، گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى.

## پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

تەھرىر ئىلاۋىسى:

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى نۆۋەتتىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئاجىز ھالقا. قانداق قىلغاندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ماسلاشقىلى بولىدۇ؟ تۇرپان شەھەرلىك ئۈزۈمچىلىك يېزىسى پارتكومى بۇ جەھەتتە پايدىلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. نۆۋەتتە جايلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى باستۇق.

### تۇرپان شەھەرلىك ئۈزۈمچىلىك يېزىسى پارتكومى يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى

تۇرپان شەھەرلىك ئۈزۈمچىلىك يېزىسى ئۇيغۇر مىللىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا بولۇپ، پۈتۈن يېزىدا 25 پارتىيە ياچېيكىسى، 436 پارتىيە ئەزاسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 398، خەنزۇ پارتىيە ئەزاسى 38. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلىق پارتكوم يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى

كوچەيتىپ، پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارد، ئەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

1. يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا، ۋاقىتقا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ئۈرۈمچىلىك يېزىسىدا 64 كەنت بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 720 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يېرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىڭ 787.5 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تەك % 69 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۈرۈمچىلىك يېزىسىدۇر. يېزىنىڭ يېرى كەڭ، كەنتلىرى تارقاق، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئېغىر، پەسىلچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يېزىلىق پارتكوم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىككى جەھەتتىن كۈچەيتتى:

(1) پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى ئىككى بەنزە ئىش تەقسىملىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئادەتتە مەمۇرىي خاراكتېرلىك ئىشلار، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرۇشتا، ئادەتتىكىچە مەسىلىلەرگە يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە كەنت كومىتېتى ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولدى؛ تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىپ، پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ زېھنىن قويۇپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. شۇنداق قىلىپ پارتكوم ۋە پارتىيە ياچېيكىسى ھەم ھەممىنى ئۆز ئالدىغا

قارلىۋالىدى، ھەم ئىش تەقسىملىۋالىسمۇ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەي، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-نى ئىككى قولدا تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. (2) دېھقانچى-لىق ئەھۋالىغا قاراپ خىزمەتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى، دېھقانچىلىق ئالدىراش مەزگىللەردە، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، دېھقانچىلىقنىڭ بوش مەزگىللىرىدە كۈچنى مەركەزلەشتۇ-رۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشنى تۇتۇش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقى-رىشقىمۇ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزمىدى. بۇلتۇر يېزىلىق پارتكوم دېھقانچىلىق-نىڭ بوش مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ، تۆت قارار پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 250 كىشىنى تەربىيە-لىدى. يېزىلىق پارتكوم 7 -، 8 - ئايلاردا، دېھقانچىلىق-نىڭ تازا ئالدىراش مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكرا-تىك ئاساستا باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، لاياقەتلىك بولمىغان ياكى مەسىلىسى گەۋدىلىك بولغان بەزى پارتىيە ئەزالىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، پار-تىيە تەشكىلىنى ساپلاشتۇردى، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپە-لىرىنىڭ ئورۇندىلىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈ-چەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك قارىشىنى ئاشۇردى. يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈل-مە ئىسلاھاتىدا، بىر مۇنچە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزلىرى ھۆددىگە ئالغان يەرگە قاراتتى. قان-

داق قىلىپ بېيىشقا مەركەزلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن بەزى
پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى. مە-
سىلەن، ئۆزۈمچىلىك كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىدا ئىلگىرى
كەنت ئاھالىسىغا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن
بىر پارتىيە ئەزاسى بار بولۇپ، كەنت پارتىيە ياچېيك-
سىغا ۋە يېزىلىق پارتكومغا پارتىيىدىن چېكىنىش ئىلتى-
ماسى سۇنغان. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا يېزىلىق پارتكوم
يېزا ئىسلاھاتى چوڭقۇرلىشۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، پار-
تىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىدى-
يىۋى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتىن تۇتۇش قىلىپ، پارتىيە
ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك قارىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش
كېرەك دەپ قارىدى. پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان ئىدىيىۋى
تەربىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يېزىلىق پارتكوم بۇ يىل
8 - ئايدا يېزىلىق پارتىيە مەكتىپى ئاچتى. ئۆزۈمچىلىك
كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى پارتى-
يە ئەزالىرى ئائىلىسى قۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى قەرەل-
لىك ھالدا نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ، جانلىق بولغان پار-
تىيە دەرسى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. پارتىيە دەرسى
تەربىيىسىدە ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرى تەربىيىلەش
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەر-
دى. بەزى ياچېيكىلار نەزەرىيە خادىملىرىنى ماركسىزم-
نىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ۋە پارتىيىگە دائىر ئاساسىي
بىلىملەرنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بەزىلىرى
مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە «تۈسىنى ئۆزگەرتمەيدى-
غان پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى» نى ئۆزلىرىنىڭ تەجرى-
بە ۋە تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى،

يەنە بەزىلىرى تۆھپىسى بار، تېخىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار
ئاكتىپلارنى غايە، پارتىيىگە بولغان تونۇشىنى سۆزلەپ
بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇلار ناھايىتى ياخشى تەربىيە
ۋى رول ئوينىدى. يېزىلىق پارتكوم يەنە تۇرلۇك خاتىر
رە كۈنلەر ۋە تەشۋىق - تەربىيە ئېيى پائالىيەتلىرىدىن
تولۇق پايدىلىنىپ، ئومۇملۇك ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ
بېرىشقا ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن، بۇ يىل «1 - ئىيول»
دا يېزىلىق پارتكوم خاتىرىلەش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇ-
رۇش ئارقىلىق، تۆت ئىش قىلدى: پارتىيە ئەزالىرى ۋە
ئاكتىپلارنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنى ۋە 4 -
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، تو-
نۇشىنى ئۆستۈردى. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى؛ ئىلغار
تىپىك شەخسلەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆگىنىش ئۈلگىسى
تىكلىدى، «يېزا پارتىيە ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنى» ئې-
چىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى؛
پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ
پىكرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، قال-
غان ئىسسىقلىقىنىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۇردى.
ئومۇملۇك ئىدىيىۋى تەربىيە ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيە ئە-
زالىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىك قارىشىنى كۈچەيتتى. پارتىيىدىن
چېكىنىشنى تەلەپ قىلغان ھېلىقى پارتىيە ئەزاسىمۇ ئۆ-
زىنىڭ خاتالىقىنى ئىقرار قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن
پارتىيىدىن چېكىنىش ئىلتىماسىنى قايتۇرۇۋالدى ۋە پار-
تىيە تەشكىلىدىن يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش
دولقۇنىدا ئۆزىنى سىناشنى تەلەپ قىلدى.

2. پارتىيىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي

قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇردى ۋە تۈزۈملەشتۈردى. يېزىلىق پارتكوم ۋە ھەر قايسى پار-تىيە ياچېيكىلىرى خىزمەتتە تۈزۈلگەن تۈزۈم كۆپ، كون-كرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاز بولۇشتەك ئىلگىرىكى مەسە-لىلەرنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزۈمنى ئىجرا قى-لىشتا كۈچ سەرپ قىلدى. بىرىنچىدىن، ئۇلار قەرەللىك ھالدا پارتكوم يىغىنى، پارتىيە ياچېيكىسى يىغىنى ئېچىش-نى، قەرەللىك ھالدا تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىشنى، قەرەللىك ھالدا پارتىيە دەرسى ئۆتۈشنى، قەرەللىك ھالدا پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى باھالاشنى يولغا قويۇپ، پارتكوم، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ھەيئەتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قى-لىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى؛ ئىككىنچىدىن، يېزىلىق پارتكوم، يېزىلىق ھۆكۈمەت كەنت كادىرلىرىنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇ-لىيىتى ۋە ئىش ھەققى بىرلەشتۈرۈلگەن «خىزمەت مەس-ئۇلىيەت تۈزۈمى» ۋە «ئىقتىسادىي نىشان مەسئۇلىيەت تۈ-زۈمى» نى تۈزۈپ، ھەر قايسى كەنتلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇ-يۇشتۇرۇپ، توختام شەكلىدە دەرىجىمۇ دەرىجە ئىمزا قوي-دۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە مەسئۇلىيەتنى ھەر بىر كىشىگە يۈكلىدى. يېزىلىق پارتكوم بۇ تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، يېرىم يىلدا بىر قېتىم خۇلاسىلاپ، يىل ئاخىرىدا باھالاش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈردى؛ ئۈچىنچىدىن، يېزىلىق پارتكوم تۈزۈمنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈ-رۈپ، ئىزدىنىش ئارقىلىق شۇغۇللىنىشقا، ئىشقا ئاشۇرۇشقا،

تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولغان بىر يۈرۈش خىزمەت تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزدى، بۇلار خىزمەتتە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ۋە ياچېيكا يارىتىش تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئائىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش كارتوچكىسى تۈزۈمى، ئۈچ يىغىن، بىر دەرس جەھەتتە تىزىملاش، باھالاش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلمىيلەشتۈرۈلگەن خىزمەت تۈزۈمى پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئىچكى مېخانىزىمىنى كۈچەيتىپ، يېزا، كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى.

4. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارد، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى باشلامچىسى بولدى. يېزىلىق پارتكوم خىزمەت جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر تونۇۋالدىكى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كونكرېت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇلسىلا، ئاندىن غايەت زور ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارد، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش - قىلدۇرالماسلىق — يېزا ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش - چوڭقۇرلاشتۇرالماسلىقنىڭ ھەممە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارد، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېزىلىق پارتكوم ۋە ھەر قايسى پارتىيە ياچېيكىلىرى «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە خادىمى»، «تۈسىنى ئۆزگەرتمەيدىغان پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى» قاتارلىق باھالاش، مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تەسىر قىلىش

كۆچى ۋە جەلىپ قىلىش كۆچىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. تەقدىرلەشنىڭ كۆچى چەكسىز. ئىلغار تىپلار پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى يېتەكلىدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى قىيىنچىلىقى بار 165 ئائىلىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن هۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى، نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئاممىغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىشىگە پائال هەمكارلاشتى، 1989 - يىلى، كەنت ئاهالىلىرى ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرالاردىن 164 نى هەل قىلىشقا ياردەملىشىپ، پارتىيىنىڭ ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. يېزا ئىسلاهاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېزىلىق پارتكوم يەنە پۈتۈن يېزىدىكى دېهقانلارنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە، ئىلىم - پەن ئىشلىتىشكە تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ، 268 ئائىلىنى پەن - تېخنىكا ئۈلگە كۆرستىمش ئائىلىسى قىلىپ تىكلىدى ھەمدە يېزا ئىگىلىكىدىكى يېڭى پەن - تېخنىكىلارنى ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇردى. يېزىلىق پارتكوم كۆپچىلىككە رەهبەرلىك قىلىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى يولغا قويۇش، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە ۋودوپروۋود قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مەدەنىيەت ئەسلىهەلىرىنى قۇرۇش، ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، مىللىي ئىشلار، دىنىي ئىشلار جەهەتتە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ يېزىنىڭ ئۈزلۈكسىز كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنى شەهەر بويىچە تۇنجى «پارتىيەدىن چېكىنىدىغانلار يوق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار يوق،

(ئاخىرى 46 - بەتتە)

نەزەرىيە ئەھۋالى

## كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى كادىرلارنىڭ پەلسەپە ئۆگىنىشىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى

مەركىزىي كومىتېتنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى كادىرلار ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات، نەزەرىيە ئىدارىسى يېقىندا مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار بۆلۈمى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا بىۋاستە قاراشلىق خىزمەت كومىتېتلىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت كومىتېتلىرى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان مەسئۇل يولداشلارنى، شۇنداقلا بىر قىسىم مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، نۇرغۇن قېتىم سۆھبەت، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، قايتا - قايتا ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئالغان ئاساستا، ماركسىزملىق پەلسەپىنى ياخشى ئۆگىنىشكە قارىتا، تۆۋەندىكىدەك تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، بۇ قېتىمقى ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا.

كۆپچىلىك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: مەركىزىي كومىتېت ۋە پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى بولۇپمۇ ماركسىزملىق پەلسەپىنى ياخشى ئۆگىنىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىدى، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى تەربىيىلەش ۋە قوراللاندۇرۇشنى پرولېتارىيات ئىشلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. ماركسىزملىق ئۆتكۈر ئىدىيىۋى قورالنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈمنىڭ رىقابىتى ۋە كۈچ سىنىشى، ئۆتكۈر، كەسكىن كۈرەشى جەريانىدا، سەگەك مېڭىنى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا نىشانىدىن ئادىشىپ قالمايدۇ. شۇڭا پۈتۈن پارتىيىدىكى كادىرلارغا ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش پارتىيە ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە، ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. نۆۋەتتە، ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، ئالدى بىلەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىزنىڭ ئېھتىياجى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئېھتىياجى؛ شۇنداقلا يېڭى ۋەزىيەتتە كادىرلار-

ىمىزنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىلىنىشىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش-
نىڭ ئېھتىياجى. ماركسىزملىق پەلسەپە ئىنسانلار پەيدا
بولۇپ تاھازىرغىچە ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ مۇكەممەل دۇنيا
قاراش ۋە مېتودولوگىيە بولۇپ، ئۇ ھەم پارتىيىمىزنىڭ
ئىدىيىۋى لۇشيەنىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساس، ھەم بىزنىڭ
ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە سوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىزدىكى
«ئۇلۇغ تونۇش قورالى» ۋە كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال.
تارىخىي تەجرىبىلەر چۈشەندۈرىدۇكى، پارتىيىنىڭ ئىدىيە
جەھەتتىكى، سىياسىي جەھەتتىكى لۇشيەنىنىڭ توغرا بولۇش-
بولماسلىقى، پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلى-
رىنىڭ كۈچلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش - قىلىنماسلىقى، تۈپ-
تىن ئېيتقاندا، ماركسىزملىق پەلسەپە نەزەرىيىسىنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە چىڭ تۇرۇش ياكى ئۇنىڭدىن چەتنەپ كېتىش
بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۈگۈنكى كۈندە، خەلقئارادا ۋە دۆلەت
ئىچىدە بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ھەل قىلىشىمىزغا
تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلە بار.
پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىدا ئۈستىگە ئالغان زور مەسئۇلىيىتى ۋە خەلقئارا
كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە تۇتقان مۇھىم ئورنىنى نەزەردە
تۇتقاندا، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئۇسۇلنى ئۆگە-
نىش ۋە قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇش تېخىمۇ ئالاھىدە ئەھ-
مىيەتكە ئىگە. قىسقىسى، ماركسىزملىق تەربىيىنى بولۇپمۇ
ماركسىزملىق نەزەرىيە - پەلسەپە ئۆگىنىشنى پۈتۈن پار-
تىيە، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ
جىددىي ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم.

ئىككىنچى، ئۆگىنىش ئۇستىلى مەسىلىسى.

كۆپچىلىك: بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ياخشى ئۆگىنىش ئۇستىلى بولۇش كېرەك دەپ ھېسابلىدى. پارتىيىمىز ئەزەلدىن تارتىپ ئۆگىنىش ئۇس-تىلى مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىش ئۇستىلىنىڭ توغرا بولماسلىقىنى پارتىيىۋىلىكنىڭ يېتەر-سىزلىكى ۋە پارتىيىۋىلىكنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى دەپ قاراپ كەلدى. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش- پارتىيىمىز ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ئېسىل ئۆگىنىش ئۇستىلى، شۇنداقلا ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى پارتىيىۋىلىك ۋە ئەمەلىيەتچىللىكنىڭ ئىچكى تەلىپى. بىز پارتىيىنىڭ ھەر بىر كادىرى كۈچلۈك ئىنقىلابىي كەسپچانلىق ۋە خەلق ئۈچۈن ئىشلەشتەك تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىقىمىز بىلەن ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ يامراپ كېتىشى پارتىيىمىزنىڭ نەزە-رىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئوب-دان ئۇستىلىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، بەزىلەر ماركسىزم-لىق نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى يېتەكچى رولىغا سەل قاراپ، نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگەنمەي ۋە نەزەرىيىنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلىمەي، بەلكى ئۇيەر - بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، پراگماتىزم بىلەن شۇغۇللاندى؛ بەزىلەر ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئۇسۇل بىلەن ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلماي، رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلماي ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، غەربنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈ-

زۇپ كەلمەكچى بولدى؛ بەزىلەر نەزەرىيە ئۆگەنگەندە
ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرمەي، تەنقىد ۋە ئۆزئۆزىنى
تەنقىتنى قانات يايدۇرالمىدى، بەلكى ئاغزىغا كەلگەننى
دەپ، پىتنە ـ پاسات تارقاتتى، ھەتتا پۈرژۈئازىيىنىڭ
قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك دۇنيا قارىشىنى تارقاتتى.
بولتۇر ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدىكى بوران چاپقۇندا ئەكس
ئەتكەن مەسىلىلەردىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بەزى كىشى-
لەر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشنى چۈشەنمىدى،
ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇيالمىدى، بەزى ئاساسىي
مەسىلىلەرگە قاراشتا پىكىر ئورتاقلىقى كەم بولدى، ھەتتا
خاتا ھەرىكەتلەرنىمۇ قوللاندى، بۇ ئۇزاقتىن بۇيان مار-
كسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگەنمەسلىك، ماركسىزملىق مەيدان،
كۆز قاراش، ئۇسۇلىنى ئىگىلىمەسلىك بىلەن بىۋاستە مۇنا-
سىۋەتلىك. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتە نەزەرىيىنى ئەمەلى-
يەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئالاھىدە
تەكىتلەپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسىنى يەنئەندىكى
ئىستىل تۈزۈتۈش ئۇسۇلى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.
نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش-
نى بىرلەشتۈرۈش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن
سوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆگىنىشتى-
كى شەكىلۋازلىق ۋە رەسمىيەتچىلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئالدى-
نى ئېلىش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، كادىرلارنىڭ پەل-
سەپىۋى تەپەككۇر قابىلىيىتى، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش
ۋە ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە يۇقىرى كۆ-
تۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچى، ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنى، تەلەپى، ماتېرىيالى

توغرىسىدا.

ھازىرقى كادىرلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ماركسىزىملىق پەلسەپە توغرىسىدا دەسلەپكى بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشتە ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرىنى ئىگىلەش ۋە تىشلىتىشنى ئاساسي نۇقتا قىلىش، «كىلاسسىك ئەسەر»لەرنى ئوقۇش، ماركسىزىملىق پەلسەپە توغرىسىدىكى مەخسۇس ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇش، بولۇپمۇ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ، چېن يۈن قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ مول پەلسەپىۋى ئىدىيىگە ئىگە ئەسەرلىرىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. مۇشۇ ئارقىلىق ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرى ۋە تۈپ ئۇسۇلىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش لازىم.

بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۆگىنىشلەردىكى ماتېرىيالنىڭ قالايمىقانلىقى ھەمدە بۇ قېتىمقى پەلسەپە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆپچىلىك مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى بىر تۇتاش تۈزگەن «كادىرلار ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئۆگىنىشتە ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار» ۋە مەخسۇس تۈزۈلگەن «ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» نى بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشنىڭ ئاساسي مەزمۇنى قىلىشنى بىردەك ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆگىنىشنىڭ بىر تۇتاشلىقىغا ۋە ماتېرىيالنىڭ ئەستايىدىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرى ئىشلەنگەن ماتېرىيال ۋە فوداۋ ماتېرىياللىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشكە بۇزغۇنچىلىق بولۇپ قېلىشىنى قاتتىق چەكلەش كېرەك.

ئۆگىنىچى، رەھبەرلىك ۋە تۈزۈم مەسىلىسى.

كۆپچىلىك مۇنۇلارنى تەكىتلىدىكى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا بولغان ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيە قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ تەدبىرى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئۇنى مۇھىم كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسىنى تۈزۈملەشتۈرۈشى، دائىملاشتۇرۇشى ھەمدە كادىرلارغا قارىتىلغان نەزەرىيىۋى تەربىيە خىزمىتى جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى مەركىزىي كومىتېت ۋە تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ چىقىشى، بۇ خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇنى تەكشۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. پارتكوملارنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، كۆپرەك ۋە چوڭقۇرراق ئۆگىنىپ، نەمۇنە كۆرسىتىشى لازىم. ئۆزى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاممىغا چۈشەندۈرۈپ، باشقا كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. شارائىتى بولغان ئورۇنلار كادىرلار پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشى كېرەك؛ خىزمەتتىكىلەرنىڭ ئۆگىنىشىدىمۇ «كىچىك مەركەزلەشتۈرۈش»، پارتكومنىڭ مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى قوللىنىشى كېرەك.

ماركسزملىق پەلسەپە ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش، «كادىرلار ماركسزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشتە ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلار» ۋە «ماركسزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» نى تۈزۈش ۋە يېزىش خىزمەتلىرى ئاكتىپ ئىشلەنمەكتە.

---

(بېشى 38 - بەتتە)

ئارتۇق تۇغمىدىغانلار يوق، نامراتلار ئائىلىسى يوق» بولغان «تۆت ئىشتا يوق» پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ قىلىپ چىقتى. ئۇزۇمچىلىك يېزىسى پارتكومىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. شىنجاڭ «ياچېيكا تۇرمۇشى» ژۇرنىلى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «تۇرپان گېزىتى» ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تەشۋىق قىلدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارد، نەمۇنىلىك رولى پارتىيە تەشكىلىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، يەنە پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچىنىمۇ ئاشۇردى. بۇ يىلدىن بۇيان، يېزا بويىچە 81 كىشى پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يازدى. يەنە بەزى ئاممىمۇ ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى.

(ماقالىنى تەشكىلات بۆلۈم ئىشخانىسى تەمىنلىگەن)

## 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، جىيالى زېمىنىنىڭ دۆلەت بايرىمىدا قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىش

# خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەملىكىتىمىزگە قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنىشىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولىشىمىز كېرەك

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىنسانىيەت تارىخىدا بىرىنچى قېتىم مەيدانغا كەلدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ ئىلغار بولغان بۇ تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارا مونوپول بۇرژۇئازىيە، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە بولغان بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ھېچقاچان توختاتقىنى يوق. قوراللىق ئارىلىشىش ۋە ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۈمىدلىرىنى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىگە قويدى؛ ئۇلار ھەربىي جەھەتتىكى تەھدىت كۈچلىرىنى ئارقا تېرەك قىلىپ تۇرۇپ، كۈچىنىڭ بېرىچە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن سىڭىپ كىرىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا دۈشمەن كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆكتىچىلەرنى تەشكىللەپ،

«ئىس - تۈتەكسىز دۇنيا ئۇرۇشى» ئېلىپ بېرىپ، سوت-
سىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەك-
چى بولدى، «ئۇرۇش قىلماي‌لا غەلىبە قىلىمىز» دەپ جار
سېلىشتى. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن بۇيان سوتسىيالىستىك
دۆلەتلەر تەرەققىيات جەريانىدا بەزى ۋاقىتلىق قىيىنچى-
لىقلارغا يولۇققانلىقتىن ۋە خەلقئارا مونوپول بۇرژۇئازى-
يە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى تىزلەتكەنلىك-
تىن، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن «تىنچ
ئۆزگەرتىۋېتىش» تەھدىدى بۇرۇنقى ھەر قانداق ۋاقىت-
تىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جىددىي بولدى.

جۇڭگو بىر سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت بولغاچقا، باشتىن - ئاخىر خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم نىشانى بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، خەلقئارا مونوپول بۇرژۇئازىيىسىنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي يولى مەملى-كىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش-تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىگە تەسىر يەتكۈ-زۈش ۋە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار ئامالىنىڭ بېرىچە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتىنى، ئىجتىما-ئىي تۈزۈمىمىزنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش يولىغا باشلىماقچى، يەنى، سىياسىي جەھەتتە كوممۇنىستىك پار-تىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى بىكار قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەت-تە كاپىتالىزمنىڭ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق جۇڭگونى خەلقئارا مونوپول كاپىتال

ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چاڭگىلىغا، ئاتالمىش «ئەركىن دۇنيا»غا كىرگۈزمەكچى بولدى، ئۇلارچە، مەملىكىتىمىزدە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇلارنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەتمىش. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، خەلقئارا مونوپول بۇرژۇئازىيە ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن مەملىكىتىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى:

بىرىنچى، ئىدىيە ـ مەدەنىيەت جەھەتتىن سىڭىپ كىرمەكچى بولدى. غەرب مونوپول بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بەزى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى سىڭدۈرىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ يوشۇرۇپ قالمىدى. ئۇلار سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشتە «ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى چاقىرىق كۈچى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ» دەپ قاراپ، جۇڭگو ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىسودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگوغا مەنىۋى جەھەتتىن سىڭىپ كىرىپ، غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئارقىلىق جۇڭگونى ئەركىنلەشتۈرۈشكە باشلىماقچى بولدى.

ئىككىنچى، پارتىيىمىز ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتە ئۆكتىچىلەرنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆكتىچى پارتىيە بولۇپ تەشكىللىنىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنى قوللىدى.

بۇ بىر لەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار پارتىيىمىز ۋە ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىمىز ئىچىدە گوماشتا تالالاپ، ئۇلارنى پائال يېتىشتۈردى. ئامېرىكىلىق بىر سىياسەتۋاز ئوچۇق ئاشكارە ھالدا: ئامېرىكا جۇڭگودا ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىنى چۈشىنەلەيدىغان، ئامېرىكىغا مايىل ئىدىيىگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم «ئامېرىكا پەرەس» لەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك دېدى. بۇ تاكتىكا بۇ بىر قانچە يىلدا ھەقىقەتەن بەزى «ئۈنۈم» لەرگە ئېرىشتى. فاڭ لىجىز، يەن جياچىلار خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر يېتىشتۈرۈپ چىققان پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى غالچىلاردۇر. بۇلتۇر ئەتىياز بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى بۇ مىللىي مۇناپىقلار خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ پىلانلىغان ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ قوزغىغان.

ئۈچىنچى، ئاتالمىش ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقى ئارقىلىق جۇڭگونى خەلقئارا مونوپول كاپىتالغا بېقىندۇرماقچى بولدى. ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە ئاكتىپ سىڭدۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن سىرت، ئۇلار يەنە مەملىكىتىمىز بىلەن بولغان ئىقتىسادىي - تېخنىكا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، كېلىمىزنى بوغۇپ، جۇڭگونى ئىقتىسادى جەھەتتىن خەلقئارا مونوپول كاپىتالغا بېقىندۇرماقچى، ئەڭ ئاخىرىدا بىزنى سىياسىي جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەملىكىتىمىزگە ئىدىيىۋىي، سىياسىي جەھەتتە سىڭىپ كىرىشى بۇ

قېتىمقى مالىمانچىلىقتا تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ ئېنىق بولدى، ئۇلار زور مىقداردىكى جامائەت پىكرى قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، پىتنە - ئىغۋا تېرىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇردى ھەمدە كۆچىنىڭ بىرىچە ئەركىنلەشتۇرۇشنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىنتايىن ئازساندىكى كىشىلەرگە يۆلىلىش بەلگىلەپ بەردى، ئوت قۇيرۇقلۇق قىلدى، يەنە بىر قىسىم جايلاردا قانداقتۇر «مەدەت بېرىش» پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەشكە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى بىراقلا ئاغدۇرىۋەتمەكچى بولدى. بىز مالىمانچىلىقنى توسۇش ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار «تىنچلىق»، «دوستلۇق» پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، مەملىكىتىمىزگە ھەر جەھەتتىن جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئوچۇق - ئاشكارە ئارىلاشتى. بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ يۈز بېرىشى بىزگە شۇنداق بىر مۇھىم ساۋاق بەردىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز خەلقئارا مونوپول بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» كە ئۇرۇنۇشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك.

(يېپ يۇچاڭ)

## ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر

نۆۋەتتە، ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ئالدى بىلەن بىر چەك - چېگرىنى، يەنى سوتسىيالىزمنىڭ ئادىل تەقسىمات ئۆلچىمىدە ۋە ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. ھازىر ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولغانلىقىنى ئۆلچەشتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك، پارتىيىمىز ئورتاق بېيىشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەمگەك ۋە قانۇنلۇق تىجارەت ئارقىلىق ئالدىن بېيىش سىياسىتىنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ سىياسەتنى يولغا قويغاندا ئىقتىدارى، تۆھپىسى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ كىرىمىدە پەرق بولىدۇ، بېيىش يولى ئىلگىرى - كېيىن بولىدۇ، بۇ ئادىللىق بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارى ۋە تۆھپە جەھەتتىكى پەرقى چەكلىك بولغانلىقتىن، سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش نامراتلار بىلەن بايلارنىڭ پەرقىنىڭ بەكمۇ چوڭ بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. تەڭ تەقسىماتچىلىق بولسا پەرق بولۇشقا قارشى تۇرىدۇ، بۇ ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىق-

نىڭ بىر خىل ئىپادىسى. مەملىكىتىمىز ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تولۇقلىما قىلغان، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر تەڭ ساقلىنىپ تۇرىدىغان مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى قۇرۇلمىسىنى يولغا قويىدى، بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ بىر قىسىم «غەيرىي ئەمگەك كىرىمى» نىڭ بولۇشىمۇ يول قويىدى، بۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق. لېكىن «غەيرىي ئەمگەك كىرىمى»، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈرسەت تەڭ بولىۋەرمەيدۇ. ئەمگەك كىرىمى بىلەن بولغان پەرق ئاسانلا چوڭىيىپ كېتىدۇ، شۇڭا دۆلەت تەقسىمات ئۇسۇلى، باج سىياسىتى، باھا سىياسىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زۆرۈر بولغان چەكلىمىلەرنى يۈرگۈزدى، تىجارەت قىلغۇچى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ قانۇنغا بويسۇنغان بولسىلا ھەم ئالدىن بېيالايدۇ ھەم بىراقلا زور دەرىجىدە بېيىپ كېتەلمەيدۇ. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، ئاز ساندىكى كىشىلەر تۈرلۈك قانۇنسىز ۋاستىلەرگە تايىنىپ، ئەتكەسچىلىك قىلىش، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق، پارە ئېلىش، پارە بېرىش قاتارلىق ناتوغرا يوللار بىلەن ھارام پۇل تېپىۋاتىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىقىنىڭ يەنە بىر خىل مۇھىم ئىپادىسى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىقىدەك ئىككى خىل ئەھۋالغا ھەممەيلەن ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى ياخشى ھەل قىلىشى كېرەك. قىسقىسى، ھازىر بىز يۈرگۈزۈۋاتقان تەقسىمات سىياسىتى ھەم ھەقىقىي ئەمگەك ۋە قانۇنلۇق تىجارەت ئارقىلىق ئالدىن

بېيىدىغان كىشىلەرگە پايدىلىق بولۇشى، كىرىم پەرقىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىشى، ھەم كەمبەغەللىك بىلەن بايلىقنىڭ پەرقىنىڭ بەكمۇ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، ئورتاق بېيىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى، ئادىل تەقسىمات ئۈنۈمى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككىسىنى بىرقەدەر ياخشى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مىللىي دارامەتنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، ئورگان كەسپىي ئورۇنلىرى دۆلەتنىڭ كارخانىلارغا قاراتقان مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق بەلگىلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ كۆپىيىشىدىن تۆۋەن تۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك؛ كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى ۋە ئەمگەك ئىش ھەققىگە ئالاقىدار سىياسەت، قانۇنلارنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەخسىي ھەق بىلەن ئەمگەك تۆھپىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم نۇقتا ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل تارقىتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىش ھەققى ۋە مۇكاپاتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولغان رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىم پەرقىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش، ھەم ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئىق-

ئىدارىنى نەزەردە تۇتۇپ تىجارەتچىلەر بىلەن ئىشلەپچى-
قارغۇچىلارنىڭ كىرىمىدىكى پەرقىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق
چوڭ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ، تىجارەتچىلەر بىلەن ئىش-
لەپچىقارغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاك-
تىپلىقىنى قوزغاشنى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
تەقسىمات خىزمىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش كېرەك.
مىللىي دارامەتنى قايتا تەقسىم قىلىش جەريانىدا،
ئورگان، كەسپىي ئىدارىلاردا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ما-
ئاش تۈزۈمىدىمۇ ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق
تەتقىق قىلىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە ما-
لىيە كىرىمى ۋە مىللىي دارامەت نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش ئاساسىدا، ئورگان كادىرلىرىنىڭ ۋە كەسپىي ئو-
رۇنلاردىكى زىيالىيلارنىڭ مائاش تەمىناتىنى تەدرىجىي
يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئوخشاش بولمىغان
كەسىپلەر ئارىسىدا تاشقى شارائىتنىڭ پەرقى
تۈپەيلىدىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىدىكى پەرق
ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىق-
تى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان سىياسەت-
لەرنى تۈزۈپ تەڭشەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك
تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنى تولۇقلاشقا پايدىلىق بولۇش شەر-
تى ئاستىدا يەككە تىجارەت، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تىجارەت
ۋە كىرىمگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى ئالاھى-
دە كۈچەيتىش، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ھەددى - ھېساب-

سىز پايدا ئالغان تۇرلۇك ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى قات-
تىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تۇرلۇك شىركەتلەرنى
ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى
ئىشلەش، بازار، مال باھا باشقۇرۇشنى ياخشىلاش بىلەن پاك-
دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشنى بىرلەشتۇرۇش، خىيانەتچى-
لىك قىلغان، پارە ئالغان، قاقتى - سوقتى قىلغان ۋە ھوقۇق-
دىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان چىرىك ئەھۋاللارنى
قەتئىي، ۋاقتىدا تەكشۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قانۇن-
سىز تىجارەت قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق چەكلەش ۋە ئۇ-
نىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك؛ قانۇنسىز كىرىملا بولىدىكەن،
ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىش ھەمدە قاتتىق جازالاش كېرەك،
ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق
جازالاش، بوزغۇنچىلىققا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانىلار ئۆزلىرى قۇرغان
3 - كەسىپ ۋە توغرا لىنىيىلىك بىرلەشمە تىجارەت كىرىمى-
نى باشقۇرۇش مەسىلىسى، تېخنىكىلىق كەسىپ، مەسلىھەت
بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش، تەربىيىلەشتىن كىرگەن كىرىمنى
باشقۇرۇش مەسىلىسى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 2 -
كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە
چىققان خادىملارنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى باش-
قۇرۇش مەسىلىسى؛ جوڭگو بىلەن چەتئەللەر بىرلىشىپ
مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىكى جوڭگو تەرەپنىڭ مەسئۇل-
لىرىنىڭ ھەمدە ئوبوروت ساھەسىنى جانلاندۇرۇش ساھە-
سىدىكى تۇرلۇك خادىملارنىڭ كىرىمىنى باشقۇرۇش مەسە-
لىسى قاتارلىقلارنى تەقسىماتقا ئالاقىدار سىياسەت جەھەت-
تە ئەستايىدىل توغرا ھەل قىلىش كېرەك. (گوۋۇبىن)

## پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى تۈگىتىش كېرەك

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. سانائەت تۈزۈلمىسى جەھەتتە، زىيادە ھالدا پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە ئېغىش كېلىپ چىقتى، شۇنداقلا بۇ خىل تۈزۈلمە خاراكتېرلىك زىددىيەت بارغانسېرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

بىرىنچىدىن، ئاساس سانائەتنىڭ تەرەققىياتى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن كېيىن قالدى. ئېنېرگىيە، قاتناش، خام ئەشيا - ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارى ھەددىدىن ئارتۇق تەرەققىي قىلغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئەسلىدە پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ستراتېگىيىلىك ئاساسىي نۇقتىلىرى يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە، قاتناش ۋە پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىقلار ئىدى، 13 - قۇرۇلتايدا يەنە خام ئەشيا - ماتېرىيال سانائىتى قوشۇلدى ھەمدە بەزى تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئاساس سانائەت كۈچەيتىلدى، پولات، توك، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا بىر قەدەر

تېز ئاشتى، لېكىن ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە پېششىقلاپ ئىش-لەش سانائىتىنىڭ ئېھتىياجى بەك تېز ئاشقاچقا، يەنىلا ئېھتىياجىنى قامدىيالمايۋاتىدۇ. پولات ماتېرىيالىنى مىسالغا ئالساق، 1988 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 46 مىليون 980 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1978 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 1.07 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، يەنە ھەر يىلى 20 مىليون توننا پولات ماتېرىيالى ئىمپورت قىلىنىۋاتىدۇ. ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى مىسالغا ئالساق، «7 - بەشيىللىق پىلان» دىن بېرى ھەر يىلى يېڭىدىن 8 مىليون كىلوۋات سائەتتىن ئارتۇق توك ئىشلەپچىقىرىدىغان ماشىنىلار قۇراشتۇرۇلۇپ، 1988 - يىلى 9 مىليون 990 مىڭ كىلوۋات توك كۆپەيـ-گەن بولسىمۇ، بىراق، توك كۈچى يېتىشمەسلىك مەسىلـ-ىسى پەسىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئېنېرگىيە، خام ئەشيا - ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، زور مىقداردىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۇزۇن مۇددەت تاشلىنىپ قېلىپ، جەمئىيەتتە غايەت زور مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقتى.

ئىككىنچىدىن، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقـ-ىرىش، قۇرۇلۇش جەھەتتە تەكرار بولۇپ كېتىش ئەھۋالـ-لىرى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇپ، ئاساس سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە كۆلىمى بىلەن بارغانسېرى ماسلاشـ-مايۋاتىدۇ. 1987 - يىلى ئېغىر سانائەت ئاران 16.7% ئاشـ-تى، بىراق يېنىك سانائەت 18.6% ئاشتى، 1988 - يىلى ئېغىر سانائەت ئاران 19.4% لا ئاشتى، يېنىك سانائەت

22.1% ئاشتى. پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپلا قالماي، قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلىشمۇ خېلىلا ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بەزى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپلىرىنىڭ ھازىر بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى خام ئەشيا - ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بىر مۇنچىلىغان ئورۇنلار يەنىلا مۇشۇ تۈرلەرنى كەڭ كۆلەمدە كۆپەيتىۋاتىدۇ. بەزىلىرى قۇرۇلۇپ سىناق قىلىپ ئىشلەپبېقىپلا توختاپ قالدى. مەسىلەن، ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتە پاختا توقۇمىچىلىقىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 28 مىليون ئورچۇق بولۇپ، پاختا تەمىناتى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، بىراق بەزى جايلار يەنىلا كىچىك تىپتىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنى قۇرماقتا. يەنە ئالايلى، ئالىيۇمىن ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 400 مىڭ توننىغا يەتتى. بىراق خام ئەشيا يېتىشمىگەنلىكتىن بۇ ساھەدىكى ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى پەقەت 10% لا بولغان. يەنە بىر مىسال، رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئۈستى - ئۈستىگە كىرگۈزۈلگەچكە، ئىسكىلاتتا مال ناھايىتى كۆپ بېسىلىپ قالدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە بىكار قالدى. ھەتتا بەزىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سۈرئەتتە قارىغۇلارچە راۋاجلىنىشى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ماتېرىيالى ۋە قاتناش - ترانسپورت

جەھەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك جىددىيلىك پەيدا قىلىپلا قالماي،
بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئورگانىك يۇرۇشلەشتۇ-
رۇلۇشىگىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. بۇنداق ناموۋاپىق
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تەڭشەلگەندىلا، ئاندىن ئىقتىسادنىڭ
توختاپ قېلىش ۋە ئېشىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىشى-
نى توسقىلى بولىدۇ. ھەممە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاق
مۇددەت، مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغىلى
بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېنېرگىيە كۆپ سەرپ قىلىنىدىغان،
خام ئەشيا - ماتېرىيال كۆپ كېتىدىغان، تاشقى پېرې-
ۋوت كۆپ كېتىدىغان، سەۋىيىسى تۆۋەن ۋە ئوخشاش خىل-
دىكى ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر دەرىجىدە تەكرارلىنىپ كەت-
كەن ئادەتتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى، يۇقىرى ئىس-
تېمالنى، ئىستېمالدا ئالدىدا كېتىشنى ئەۋج ئالدۇرۇۋېتى-
دىغان كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلارنى قەتئىي كونترول قىلىش
ۋە قىسقارتىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزى مۇھىم ئىشلەپچىقى-
رىش ۋەزىپىلىرىنى رايون ۋە كارخانىلار ئارا خېرىدار چاقى-
رىپ، ياخشىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، ناچارلىرىنى
شاللىۋېتىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ
تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى پائال ئېلىپ بېرىش، كارخانىلارنىڭ
تەشكىللىي قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، ھازىر بار بولغان كارخانى-
لارنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش،
ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى ئاشۇرغىلى بولىدىغان مەھسۇلاتلار-
نى، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوتنى ئاشۇرغىلى بولىدىغان
ۋە ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى باسالاي-
دىغان مەھسۇلاتلارنى تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىش. يېڭى سانا-

گەت ۋە لوقۇمچىلىق سانائىتىدە شەھەر يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارنىڭ ئېھتىياجى ۋە سېتىۋېلىش كۈچى سەۋىيىسىگە ئاساسەن مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي تەڭشەش، يېزىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ماشىنا ئېلېكتر سانائىتى ئېنېرگىيە، خام ئەشيا - ماتېرىيال قاتناش - ترانسپورت ۋە خەت - ئالاقە قاتارلىق ئاساس سانائەتكە ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي دېتاللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ، ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنى ۋە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان باشقا سايمانلارنى كۆپەيتىپ ئىشلەپچىقارسا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەش، قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھادىسىلىرىنى تۈگىتىش ناھايىتى قىيىن، بۇنىڭدا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىكى «شىشە بوينى» ھالىتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلىشىنى تىزگىنلەش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن يەنىلا ئېنېرگىيە، خام ئەشيا - ماتېرىيال ۋە قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق ئاساس سانائەتنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شۇڭا، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى تەڭشەپ، ئۇنى ئاساس سانائەت بىلەن، بازارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەلەپ بىلەن ماسلاشتۇرۇش - تۈزەش، ياخشىلاش مەزگىلىدىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپلا قالماستىن، يەنە سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. (جاڭ شىيۇ)

بىلمۇ بىلمك

## «سىرتىق» بىلەن «سىرتىق ئەمەس» نى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك

«سىرتىق ئەرسىلەرنى تازىلاش» خىزمىتىدە «سىرتىق» بىلەن «سىرتىق ئەمەس» ئەرسىلەرنى قانداق قىلغاندا توغرا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ؟ سىرتىق ۋە سىرتىق ئەمەس ئەسەرلەرنى پەرقلەندۈرۈش تەس ئەمەس. روشەن بولغان شەھۋانىلىق، بەتقىلىقلىق ئىپادىلەنگەن نەشرىيات بۇيۇملىرى، ئۈن - سىنئالغۇ لېنتىلىرىدىن باشقا، مەزمۇنى شەھۋانە بولغان، يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلەر بېسىلغان قالايمىقان ئەسەرلەردە، ئاساسەن ئۇنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى، بېسىش مەقسىتى ۋە چىقىش نۇقتىسىغا قاراش، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئاساسىي يۆنىلىشىگە قاراش لازىم.

بەزى داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەقەلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەر - ئاياللارنىڭ شەخسىي مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەندە، بەزى ئىنچىكە تەسۋىر ۋە ئوبرازلىق رەسىملەر بار، بىراق پۈتكۈل ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ساغلام بولسا، بۇ خىلدىكى كىتاب - ژورناللار ياكى ئۈن - سىنئالغۇ لېنتىلىرى، كىنو ئەسەرلىرىنى سىرتىق ئەرسىلەر قاتارىغا كىرگۈزمەي، ئۇلارغا يول قويۇش كېرەك. بەزى ئەسەرلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلاردا شەھۋانە، يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئەرسىلەرنى بېسىشتا ئامال قىلىپ ئەگىتىپ يۇرۇپ سىرتىق، شەھۋانە ئەرسىلەرنى بازارغا سېلىش ۋە ئۇنى كۆككە كۆتىرىش ياكى سىرتىق

ۋە شەھۋانە ئەسەرلەرنى تاماشىبىنلار ۋە كىتابخانىلارنى ئۆزىگە تارتىش ۋاسىتىسى قىلىش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ناچار، چاكىنا. چۈشكۈن بولۇپ جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر سېرىق نەرسىلەرگە كىرىدۇ، ئۇنى قەتئىي توساش، مەنئىي قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش لازىم. بۇ خىلدىكى نەرسىلەرگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. يەنە بىرخىل ئەھۋالمۇ بار، بەزى تېلېۋىزىيە، كىنو ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى توغرا، ياخشى، بىراق ئەسەردە رەزىل نەرسىلەر ياكى ساغلام بولمىغان ۋەقەلىكلەر ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرسىتىلگەن ياكى ئاساسىي تېمىنىڭ ئېھتىياجىدىن چەتنىگەن ھالدا «ئاشكارىلاش ئويۇنى» ئوينىلاشتۇرۇلۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ساغلام بولمىغان ئىستېتىك ھەۋىسىنىڭ رايىغا ئاساسەن «بىلەتنىڭ قىممىتى» قولغا كەلتۈرۈلگەن. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرگە ساغلام بولمىغان نەرسىلەر كۆپرەك كىرگۈزۈلگەن، بۇنداق ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش، ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە توغرىلاش لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھەبىبە، ئامىنە، تۇرنان
مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرنان

Jang Zə Min
Lei Feng



新疆宣传（维吾尔文） شىنجاڭ تەشۋىقاتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم «شىنجاڭ تەشۋىقاتى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژۇرناللار تىزىمىدىكى نومۇرى: 841